# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە كۆچەپ مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سىڭىشىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئورنىنى توغرا تېپىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈمى، مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈش، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆلەملىك قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى ئۆستۈرۈپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەننى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىنچىكە ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى خەلق مائارىپى، كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى ۋە جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخ ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» تېمىسىدىكى ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شى داگاڭ، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، زۇمرەت ئوبۇل، مۇقىيات جارمۇقامەت، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز، دىلشات قىدىرقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەزا نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار، بولۇپمۇ تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يۇقۇمنىڭ زەربىسى ئالدىدا، دۆلىتىمىز دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ بوران ـ چاپقۇن ھۇجۇم قىلغان چاغدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تايانچى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بىز ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتىن ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم تەرەققىيات ئىرادىسى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئەسلىي مەقسەت، بۇرچ، كىشىلەر قەلبىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشەنچ كۈچى ۋە قانچىكى مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىنى ھېس قىلدۇق. پروگرامما لايىھەسىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش باش تېمىسى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن، دىققەت ئورتاق بېيىشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇلغان، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش»نىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان يىرىك پىلان بوپتۇ. بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەخسۇس كېڭەشنىڭ ئاپپاراتلىق رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، تەڭ ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى سەۋىيەدە مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئەزا دىڭ خۇڭ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، بۇ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ۋە تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، بىز «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان ـ ۋەزىپىلەر ۋە ئۇلۇغۋار پىلانلارغا نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولدۇق. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىنىڭ قاتناشقۇچىسى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىسى، تۈرتكە بولغۇچىسى بولۇشتەك سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

ئەزا يۈ جۇڭلىن مۇنداق دېدى: يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن مەسىلىنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىش يۆنىلىشى ۋە ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى مۇساپىدە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە يېشىل تەرەققىيات، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، جەزمەن ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، پاكىز ئېنېرگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدا ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.

ئەزا يۈكسەك شىجائەت مۇنداق دېدى: پروگرامما لايىھەسىدىن ئىبارەت بۇ «ھەرىكەت كۆرسەتمىسى»دە بىر قاتار نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر، نۇرغۇن بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلار، تەپسىلىي ۋە ئەمەلىي كۆرسەتكۈچ، سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىپ چىقىلدى. مەن دىققىتىمنى «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىشىغا، قەدەم ئېلىشىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پائال چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئالاقە باغلىغان ئاممىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سىياسىي جەھەتتىن قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىش، ئىدىيە جەھەتتىن قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتىن قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتىن قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەيمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىش پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى، رايونلارنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى...» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى جاڭ شىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا نامايان قىلىنغان بۇ «نەتىجە قەغىزى» كىشىنى چەكسىز روھلاندۇردى، ئىلھاملاندۇردى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى لى بىن مۇنداق دېدى: نەتىجە توۋلاشتىن كەلمىگەن، بەلكى ئىشلەشتىن كەلگەن. ئۆتكەن بەش يىلنى ئەسلىسەك، مەيلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىشتا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشتا بولسۇن ياكى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە بولسۇن؛ مەيلى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتا بولسۇن ياكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈشتە بولسۇن؛ مەيلى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتا بولسۇن ياكى جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا بولسۇن... قولغا كەلگەن ھەربىر تۈرلۈك نەتىجىنىڭ ھەممىسى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز ھاياجان ئىلكىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆرەلىگەن، تۇتالىغان، ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز ھەربىر قالتىس ئۆزىمىز ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىشىمىز كېرەك.

يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەت قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى مول بولدى، ئادەملىك ئالەم قاتنىشى، ئاينى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى، چوڭقۇر دېڭىزغا چۆكۈش قۇرۇلۇشى، دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش، كۋانت ئۇچۇرى قاتارلىق ساھەلەردە بىر تۈركۈم مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى باۋ ئەنمىڭ بۇ پەن ـ تېخنىكىدىكى يېڭىلىق يارىتىشلار جۇڭگو كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ، «شۇنى روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇكى، يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تىرەكلىك، يېتەكچىلىك رولى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ» دەپ قارىدى.

## باشلىنىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك

«بەش يىل داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ‹13 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەر غەلىبىلىك تاماملىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋاڭ يەنچىڭ مۇنداق دېدى: بۇ چوڭ قەدەم تەستە قولغا كەلدى، شۇنداقلا كەلگۈسى بەش يىلدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئاساس سالدى، يۆنىلىشنى مۇقىملاشتۇردى.

باشلىنىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، قەدەم ئېلىش كېيىنكى ۋەزىيەتنى بەلگىلەيدۇ. «‹14 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسىدە دىققەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى، ساداسى نامايان قىلىندى. سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، چوڭ ۋەزىيەتكە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن» دېدى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى مېڭ چېڭسەي قەتئىي تەلەپپۇزدا.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى نىياز ھاشىمنىڭ ئىشەنچى كۆپ تەرەپلىمە پۇرسەت ۋە ئەۋزەللىكلەردىن كەلگەن. «كەلگۈسى بەش يىلدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى سىياسەت گىرەلىشىش، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىش، يۇغۇرما تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش قاتارلىق نۇرغۇن پۇرسەتكە دۇچ كېلىدۇ، بىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، باشلىنىش، قەدەم ئېلىشنىڭ پۇختا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك».

خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، ئورتاق بېيىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇش «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئومۇمىي مەنپەئەتدار، ئۇلۇق، تولۇق كاپالەتلىك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. «بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپلەر تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ ‹تۇتقا›نى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇپىسىنى قۇرۇپ، ئاممىنى قىلىدىغان ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى ۋەكىل لى بىن.

## داۋاملاشتۇرۇپ جاپالىق ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا دېيىلگىنىدەك، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنە باسىدىغان خېلى ئۇزاق يول بار. «بىز يىغىندا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، ‹14 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر پىلانلىشىمىز، تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشىمىز، تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك» دېدى ئەزا مېڭ چېڭسەي.

«باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى قەلبتە ئەڭ يۈكسەك ئورۇنغا قويغاندىلا، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىغىلى، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق ئاساسىنى مەڭگۈ ياشناتقىلى بولىدۇ.» ۋەكىل نىياز ھاشىم مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى ئالدىن يولغا قويىدىغان رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئورنىنى كۆزلەپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان زور بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى سىجىل ئاشۇرىدۇ.

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامنى باغلاقتىن بوشىتىپ يۈكىنى يېنىكلىتىش كېرەك. ئەزا باۋ ئەنمىڭ مۇنداق قارىدى: رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئىستىلنى ياخشىلاپ، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتا ئەمەلىي، چىڭ بولۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چاقماقتەك چاققان بولۇپ، تەكتىنى كۆرۈپ، ئۈنۈمىنى كۆرۈپ، قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە چىڭ تۇتۇشقا، باشقۇرۇشقا، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. ئىستىل دۇرۇس بولماسلىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان توسالغۇ بولۇپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ.

ۋەكىل لى بىن مۇنداق دېدى: ئارزۇ ئۆزلۈكىدىن رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، جاپالىق ئىشلەيدىغان، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى ۋە قانچىكى مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىنى ساقلاپ، ئاز سۆزلەپ كۆپ ئىشلەپ، چىڭ تۇتۇپ تېز ئىشلىگەندىلا، بىز ئالدىن نىشانغا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، تارىختا يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇرالايمىز.

---

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# قارا بۇلۇت ھامان قۇياشنى توسۇيالمايدۇ

□قاراماي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئازات غوجابدۇل

يېقىندا پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. قارا بۇلۇت ھامان قۇياشنى توسۇيالمايدۇ، يالغان ـ ياۋىداق سۆز مۇقەررەركى ھەقىقەتنى يېڭەلمەيدۇ. پاكىت ۋە ھەقىقىي ئەھۋال ئالدىدا، يالغان ـ ياۋىداق سۆز ھامان يوشۇرۇنغۇدەك جاي تاپالماي، ھالاك بولىدۇ.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلىشى، يېتىشتۈرۈشىدە، مەن ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش باشلانغۇچ مەكتەپتىن داشۆگىچە ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ تەربىيەسىدىن بەھرىمەن بولدۇم. خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەربىر ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز، ئالغا بېسىشىمىز، ھەربىر قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىمىز پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتىشتۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. خوتۇنۇم تىرىشىپ ئىشلەپ كارخانىدىكى تايانچ خادىمغا ئايلىنىپ، شىركەتتىكى ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار بىلەن بىللە كۈرەش قىلىۋاتىدۇ؛ ئوغلۇم ھازىر ئىچكىرى رايوندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرى ئۆگىنىش، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ياردەم قىلىپ، چوڭقۇر ئىللىقلىقنى ھېس قىلدۇردى! بىز شىنجاڭدىكى مىليونلىغان ئائىلىلەرگە ئوخشاش بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز، بىز پارتىيە ۋە دۆلەتكە چىن قەلبىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، مۇشۇنداق ئۇلۇغ دۆلەتتە ياشىغانلىقىمىزدىن، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىمىزدىن چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىمىز، چەكسىز بەخت ھېس قىلىمىز!

ئىلگىرى مەن «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر بالايى ـ ئاپەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن يەنە دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇم، بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت سىجىل مۇقىم تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلق تىنچ، ئىتتىپاق، بەختلىك ياشاۋاتىدۇ.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پومپېئو مەيلى قانداق يالغانچىلىق قىلسۇن، قانداق ئالدامچىلىق قىلسۇن، ھەق ـ ناھەقنى قانداق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

# پومپېئو چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغىنىدەك ئۆزىنى چاغلىمايۋاتىدۇ

□شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي يۇرتىنىڭ كادىرى تەلئەت ئوبۇل

يېقىندا، پومپېئو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سەپسەتىلەرنى تارقىتىپ، ئەسىر يالغان ـ ياۋىداق سۆزنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قەستەن بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى. مەن بۇنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن، تەستە قولغا كەلگەن گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى قەتئىي قوغدايمەن!

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلىرى پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلىشىپ، خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي نەپكە ئېرىشتۈردى. مەسىلەن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەن ئىلگىرى كەنتتە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايوندا، كەنت ئاھالىلىرى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، تۇرمۇش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، روھىي قىياپىتى پائال يېڭىلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيەنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى ۋە ۋارىسلىق قىلىندى. مۇقام سەنئىتى، «ماناس» ۋە مەشرەپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى» ۋە «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. 2010 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى قوغداش نىزامى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا دائىر بىر قاتار تۈزۈملەرنى چىقىرىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىلمىي، سىستېمىلىق قۇتقۇزۇش، قوغداشنى تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭ مىسلىسىز تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ھەر مىللەت ئاممىا كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولدى. ھەر مىللەت ئاممىا چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە دەخلى يەتكۈزۈش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ئەخمىقانە خام خىياللارنىڭ ھەممىسى چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغىنىغا، ياچۇۋەكنىڭ ھارۋىنى توسۇماقچى بولغىنىغا ئوخشاش ئىش.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن